# مۇبارەك رامزان

www·islamyoli·net

**رامزان ئېيىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى**

مۇقەددەس ئىسلام دىنىمىزدا بەلگىلەنگەن ھەرقانداق بىر ئىبادەتنىڭ ئۆزىگە خاس مۇئەييەن ۋاقتى، قائىدە پرىنسىپى، ھېكمىتى، ئىنسانلارغا شۇنىڭدەك، ئىجتىمائى جەمئىيەتكە يېتىدىغان پايدىسى ۋە ئەھمىيەتلىك ئالاھىدە ئورنى بولىدۇ. ئالدىغان بولساق، دىنىمىزدا زاكاتنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئىجتىمائى تەڭپۇڭسىزلىقنى تەڭشەش، باي - كەمبەغەللار ئارىسىدىكى ھەسەت، نەپرەت ئوتىنى ئۆچۈرۈش، شۇنىڭدەك ئۆز ئارا ياردەملىشىپ خەيرىيەت ئىشلىرىنى جاللاندۇرۇش، يېتىم - يېسىرلارنى ئوقۇتۇپ، مائارىپنى گۈللەندۈرۈش، مەسجىت ، دوختۇرخانا قاتارلىق ئىجتىمائى ئېھتىياجلارنى قىسمەن بولسىمۇ كاپالەتلەندۈرۈش ھەمدە ئۆز ئارا قېرىنداشلىقتا تولغان ئېسىل جەمئىيەت ھاۋاسىدىن ھەممە ئورتاق نەپەس ئېلىش، شۇنىڭدەك شۇ جەمئىيەتنى شەكىللەندۈرىدىغان ئىنسانلارنىڭ بىر - بىرىگە قارشى ئىللىق مۇھەببەت ۋە سەممى قېرىنداشلىق ئىچىدە مەدەنى ئىنسانلاردىن بولۇش ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتەك ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

مانا شۇنىڭدەك رامزان روزىسىدىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك ئىبادەتنىڭمۇ دىنىمىزدا بەلگىلەنگەن مۇئەييەن ۋاقتى، ھېكمىتى ۋە ئىنسانلارغا ، شۇنىڭدەك ئىجتىمائى جەمئىيەتكە بولغان پايدىسى ئىنتايىن كۆپ.

شۇ جەھەتتىن بىز بۇ مۇبارەك مېھمىنىمىزنى قارشى ئېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن قىممەتلىك ئوقۇرمەنلىرىمىزگە پايدىسى يېتىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس دېگەن ئۈمىت ۋە تەلەپتە بۇ ھەقتە قىسقىچە ساۋات بېرىپ ئۆتۈشنى مۇناسىپ كۆردۇق.

دىنىمىزدا قەمەرىيە ئېيى بويىچە رامزان ئېيىدا تولۇق بىر ئاي رۇزا تۇتۇش دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ ئاينىڭ ئىسلام دىنىمىزدا باشقا ئايلارغا قارىغاندا ئورنى چوڭ ۋە ئۇلۇغ ھېساپلىنىدۇ. بۇ سەۋەپتىن رۇزا ھەققىدە سۆز قىلىشتىن بۇرۇن بۇ ئاينىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا بىر ئاز توختۇلۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئاينىڭ پەزىلىتىنى تۆۋەندە بىر قانچە خۇسۇسلارغا خۇلاسىلاشقا بولىدۇ.

1 . بىز ئىنسانلارنى زۇلمەت ئالىمىدىن يورۇقلۇق دۇنياسىغا ئېلىپ چىقىپ قەلبىمىزنى ئىمان نۇرى بىلەن بېزىگەن مۇقەددەس كىتاپ قۇرئان كەرىم، پەرۋەردىگارىمىز تەرەپتىن بۇ ئايدا نازىل

قىلىنىشقا باشلىغان. بۇ ھەقىقەت قۇرئان كەرىمنىڭ بەقەرە سۈرىسىدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «ئى مۆمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى» (183). (بۇ پەرز قىلىنغان روزا) ساناقلىق كۈنلەردۇر، سىلەردىن كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ (روزا تۇتمىغان بولسا)، تۇتمىغان كۈنلەرنى (يەنى قازاسىنى) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن، روزىنى (قېرىلىق ياكى ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن مۇشەققەت بىلەن) ئاران تۇتىدىغان كىشىلەر تۇتمىسا، (كۈنلۈكى ئۈچۈن) بىر مىسكىن تويغۇدەك تاماق فىدىيە بېرىشى لازىم. كىمكى فىدىيىنى (بەلگىلەنگەن مىقداردىن) ئارتۇق بەرسە، بۇ ئۆزى ئۈچۈن ياخشىدۇر، ئەگەر بىلسەڭلار روزا تۇتۇش سىلەر ئۈچۈن (ئېغىز ئوچۇق يۈرۈشتىن) ياخشىدۇر(184).

رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى، قۇرئان ئىنسانلارغا يېتەكچىدۇر، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەردۇر، سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن؛ كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە (يەنى مۇساپىر) بولۇپ (تۇتمىغان بولسا، تۇتمىغان كۈنلەر ئۈچۈن) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن. ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ، (ئاغرىغانلار ئوچۇق يۈرگەن كۈنلەرنىڭ قازاسىنى قىلىش بىلەن رامىزان روزىسىنىڭ) سانىنى تولدۇرۇشۇڭلارنى، سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقىغا ئاللاھنى ئۇلۇغلىشىڭلارنى، (ئۇنىڭ ئىنئاملىرىغا) شۈكۈر قىلىشىڭلارنى خالايدۇ».

مۇقەددەس كىتابىمىز قۇرئان كەرىم رامىزان ئېيىدا نازىل بولۇشقا باشلىغان، شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر رامىزان ئېيىدا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆزىگە نازىل قىلىنغان قىسمىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئارا تىڭشىشىپ قۇرئان كەرىمنى مۇزاكىرە قىلىشاتتى. بۇ ئەھۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان يىلقى رامىزان ئېيىدا ئىككى قېتىم تەكرار قىلىنغان. شۇنىڭدىن باشلاپ تا بۈگۈنكى كۈنىمىزگىچە پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى، مەسجىتلەردە ، ئۆيلەردە قۇرئان ئوقۇش، ئوقۇتۇش ۋە قارىلەرىمىزنىڭ تەراۋى نامازلىرىدا تۇرۇپ قۇرئان كەرىمنى تامام قىلىش قاتارلىق ئىشلارغا بۇ ئايدا ئالاھىدە كۆڭۈل بېرىدۇ ۋە قېرى ياش دېمەي ھەممە كىشى بۇ خىل پائالىيەتلەرگە ئۆز قىزغىنلىقى بىلەن ئاكتىپ قاتنىشىدۇ. شۇ سەۋەپلىك بۇ مۇبارەك ئاينى قۇرئان كەرىم ئېيى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

قۇرئان ئوقۇش ۋە ئوقۇلغان قۇرئانغا قولاق سېلىش، بولۇپمۇ بۇ ئايدا ساۋابى ئىنتايىن كۆپ ۋە ئەھمىيەتلىك ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى بويىچە، روزا ۋە قورئان كەرىم ئۆز ئىگىسىگە قىيامەت كۈنى جانابى ئاللاھ ئالدىدا شاپائەتچى بولىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «قىيامەت كۈنى روزا ۋە قۇرئان كەرىم ئۆز ئىگىسىگە شاپائەت قىلىدۇ. روزا: ئى پەرۋەردىگارىم، مەن ئۇنى كۈندۈزلىرى يېمەك - ئىچمەكتىن مەھرۇم قويدۇم، مېنى ئۇنىڭغا شاپائەتچى قىلغىن، دەيدۇ. قۇرئان كەرىم: «ئى پەرۋەردىگارىم، مەن ئۇنى كېچىلىرى ئۇيقىسىدىن مەھرۇم قويدۇم، ئەمدى مېنى ئۇنىڭغا شاپائەتچى قىلغىن» دەيدۇ، ھەر ئىككىسى شاپائەت قىلىدۇ. (ئەتتەرغىب ۋە تتەرھىب ئىككىنچى توم 84 - بەت).

قۇرئان كەرىم ئىنسانلارنىڭ قورتىلىشى ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئەۋەتىلگەن ئىلاھى بىر قانۇندۇر. ئۇنى ئوقۇش، ئوقۇتۇش، قولاق سېلىپ تىڭشاش كاتتا ئىبادەتتۇر، بولۇپمۇ بۇ ئايدا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. ئاما ئۇنى پەقەتلا ئوقۇپ قويۇش بىلەن مەقسەت ھاسىل بولمايدۇ. قۇرئان كەرىمنى ئوقۇش ۋە ئوقۇتۇشتىن ئەسلى نىشان؛ ئۇنى ئوقۇش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ مەنا ۋە مەزمۇنىنى بىلىپ، چۈشىنىپ ئۇنىڭ پارلاق ۋە نۇرلۇق يولى بىلەن مېڭىش، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن نىزام ۋە قانۇن - پىرىنسىپلىرنى ھاياتىمىزغا تەتبىقلاپ سىڭدۈرۈش مەقسەت قىلىنىدۇ. بولمىسا قۇرئان كەرىمنى پەقەت ئېغىزاكى ئوقۇپ قويۇش بىلەن قىسمەن ساۋاپقا ئېرىشىش ھاسىل بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىنى قۇتقۇزغۇچى رولى ئەمەلى ئىپادىلەنمەيدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ھەزرىتى ئانىمىز ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى توغرۇلۇق سورالغاندا بۇ بۈيۈك ئانىمىز «ئۇ زاتنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى» دەپ جاۋاپ بەرگەن. ساھابى كىراملار قۇرئان كەرىمدىن بىرەر ئايەت ئۆگەنگەن بولسا، شۇ ئۆگەنگەن ئايەتنى ئۆز ھاياتىغا تولۇق تەتبىقلاپ ئەمەل قىلماي تۇرۇپ ئىككىنچى بىر ئايەتنى ئۆگەنمەيتتى. دېمەككى بۇ بۈيۈك زاتلارنىڭ بۈيۈك ئىرادە ۋە ئىخلاسى بىلەن جانابى ئاللاھنىڭ ئۇلارغا ئاتا قىلغان بۈيۈك ئىنئامى ئازغىنا بىر ۋاقىت ئىچىدە دۇنيادا بۈيۈك مەدەنىيەت يارىتىپ پۈتۈن دۇنياغا ئىمان - ئىسلامدىن ئىبارەت ھىدايەت مەشئىلىنى تاقاشتەك ئالى شان - شەرەپ ياراتقان. قۇرئانى كەرىمنىڭ ئېبىرلىشتىكى سەۋەپ ۋە ھېكمەتنى جانابى ئاللاھ يەنە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىدۇ: «(بۇ) ئۇلارنىڭ ئايەتلەرنى تەپەككۇر قىلىشلىرى ئۈچۈن، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز - نەسىھەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن بىز ساڭا نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر.» (ساد سۈرىسى 29 - ئايەت)

2 . پۈتۈن دۇنياغا رەھمەت بولۇپ ئەۋەتىلگەن مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ ئەبزىلى، جانابى ئاللاھنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك قۇلى، ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر ھەزرىتى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىكتىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس ۋەزىپە بۇ مۇبارەك ئايدا تاپشۇرۇلغان. مەككە مۇكەررىمە ئەتراپىدىكى ھىرا غارىدا «ئوقۇغىن» دېگەن ئەمرى بىلەن باشلانغان قۇرئان ئايەتلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېلىپ كەلگەن بۈيۈك پەرىشتە ھەزرىتى جىبرئىل ئەلەيھىسسالام ئۇ زاتقا خىتاپ قىلىپ تۇرۇپ: «سەن ئاللاھنىڭ رەسۇلى - پەيغەمبىرى ، مەن جىبرئىل بولىمەن» دېگەن ھالدا ئۇ زاتنىڭ ئىنسانلارنى ھىدايەتكە باشلىغۇچى بىر پەيغەمبەر بولۇپ ئېبىرلگەنلىكىنى ئېلان قىلغان. ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنى تاپشۇرۇپ ئېلىشى، پۈتۈن ئىنسانىيەت دۇنياسىغا نۇرانە ئىشىكلەر ئاچتى، جاھالەت ۋە زۇلۇم - ستەمگە تولغان جەمئىيەت بىردىنلا نۇرلۇنۇپ دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئۆزىنىڭ ھىدايەت مەشئىلىنى تاقىدى، پۈتۈن ۋەھشىلىككە كۆنۈپ كەتكەن بۇ قارا كۆڭۈل ئىنسانلار ئازغىنا بىر ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈن دۇنيا مىللىتىگە نەمۇنە، رەھبەر بولۇپ تونۇلدى، بۇ بۈيۈك زاتلارنىڭ ۋاستىسى، غەيرىتى ۋە خالىس ئەمگىكى سايىسىدا جاھالەتنىڭ ئورنىغا ئىلىم - مەرىپەت، زۇلۇمنىڭ ئورنىغا ھەق ۋە ئادالەت، غەزەپ - نەپرەتنىڭ ئورنىغا ھەقىقى مەنىدە قېرىنداشلىقنىڭ ئاساسى سېلىندى. مانا بۇ شەكىلدە قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە قالغان بۇ ئىنسانىيەت سەماسىدا نۇرلۇق ئۇپۇقلار ئېچىلدى.

3. جانابى ئاللاھنىڭ مۆمىنلەرگە ئىكرامى ۋە بۈيۈك ھەدىيەسى بولغان مىڭ ئايدىنمۇ كۆپ ياخشى مۇبارەك «لەيلەتۇل قەدىر - قەدىر كېچىسى» نىڭ بۇ ئايغا خاس قىلىنغانلىقى يەنە بۇ ئاينىڭ باشقا ئايلارغا قارىغاندا ئەھمىيەتلىك ۋە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ.

بۇ قەدىر كېچىسى ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ سەل قاراپ قاچۇرۇپ قويىشىغا بولمايدىغان ئەھمىيەتلىك ۋە بۈيۈك پەزىلەتكە ئىگە بىر مۇبارەك كېچىدۇر. جانابى ئاللاھ بۇ كېچىنىڭ پەزىلىتىنى قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىدۇ: «بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن شەبى قەدىردە نازىل قىلدۇق1 . شەبى قەدىرنىڭ نېمە ئىكەنلىگىنى بىلەمسەن؟2 شەبى قەدرى  شەرەپ ۋە پەزىلەتتە) مىڭ ئايدىن ئارتۇقتۇر3. پەرىشتىلەر ۋە جىبرىئىل شۇ كېچىدە پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرى بىلەن (زېمىنغا  ئاللاھ تەقدىر قىلغان) بارلىق ئىش ئۈچۈن چۈشىدۇ4 . شۇ كېچە تاڭ يورۇغانغا قەدەر پۈتۈنلەي تىنچ- ئامانلىقتىن ئىبارەتتۇر5.»

4 . ئىسلام دىنىنىڭ بەش ئاساسى پرىنسىپىدىن بىرى بولغان، ئىنساننىڭ ماددى ھېرىس ۋە ئارزۇلىرىنى تىزگىنلەپ، مەنىۋى ھاياتىغا ئۇزۇق بېغىشلايدىغان «روزى» دىن ئىبارەت بۇ مۇبارەك ئىبادەت بۇ ئايغا خاس قىلىنغان

رامىزان كېچىلىرىدە ئوقۇلىدىغان تەراۋىھ نامىزىمۇ بۇ ئايغا خاس ئىبادەتتۇر. رۇزىدار كىشىلەرنىڭ چوڭقۇر ھوزۇر ۋە مەنىۋى لەززەت ھېس قىلىدىغان سوھۇر ۋە ئىپتار داستىخانلىرىمۇ بۇ ئايغا باشقىچە مەزىيەت بېرىدىغان بىر ئالاھىدىلىكتۇر.

مانا مۇشۇنىڭدەك بىر قانچىلىغان پەزىلەت ۋە مەزىيەتلەر بىلەن بېزەلگەن بۇ مۇبارەك رامىزان ئېيى مۆمىنلەرگە نىسبەتەن مەنىۋى قىممىتى ۋە پەزىلىتى ئىنتايىن چوڭ بىر رەھمەت  رە مەغپىرەت مەۋسىمىدۇر. بۇ ئاينى پەرۋەردىگارىمىزغا ئىبادەت قىلىپ، مۆمىن قېرىنداشلىرىمىزغا قولىمىزدىن كېلىشىچە ماددى مەنىۋى ياردەم قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەندە ئېرىشىدىغان پايدىمىز ئىنتايىن بۈيۈك بولىدۇ ۋە ئەبەدى سائادەت ئىشىكلىرى كەڭرى ئېچىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مۇبارەك ئاينىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: بۇ ئاينىڭ «ئەۋۋىلى رەھمەت، ئوتتۇرسى مەغپىرەت، (گۇناھلارنىڭ جانابى ئاللاھ تەرىپىدىن ئەپۇ قىلىنىشى) ئاخىرى جەھەننەمدىن قۇتۇلۇش» (مىرقاتۇل مەفاتىھ  ئىككىنچى توم 492 - بەت). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىز مۆمىنلەرگە مۇنداق بىشارەتتە بولىدۇ: «رامىزان ئېيى كىرگەندە، جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ، جەھەننەمنىڭ ئىشىكلىرى تاقىلىدۇ، شەيتانلار باغلىنىدۇ.» (ئىمام بۇخارى رىۋايىتى)

بۇ ھەدىس شەرىپىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

رامىزان ئېيىدا رۇزا تۇتقان ئادەم ئۆزىنى جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان ياخشى ئىشلارنى قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ ئىشىكى ئېچىلىدۇ، جەھەننەمگە ئېلىپ بارىدىغان ئىشلاردىن ساقلانغانلىقى ئۈچۈن جەھەننەم ئىشىكلىرى ئېتىلىدۇ، . نەپسىنى يېغىپ شەيتانغا ئەل بولمىغانلىقى ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئۇنى ئازدۇرۇشقا كۈچى يەتمەيدۇ. (مىرقاتۇل مەفاتىھ 2 - توم  492 - بەت)

ھەقىقەتتە رامىزان دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىمۇ رۇزىدار كىشىنىڭ گۇناھلىرىدىن پاكلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى، رامىزان؛ ياز پەسلى ئاخىرلىشىپ كۈز پەسلى باشلانغان چاغدا ياغىدىغان ۋە يەر يۈزىدىكى توپا ۋە چاڭ - توزاننى تازىلايدىغان يامغۇر دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئادەتتە يامغۇر يەر يۈزىنى قانداق يۇيۇپ تازىلايدىغان بولسا، رامىزان ئېيىمۇ مۆمىنلەرنى گۇناھتىن شۇنداق تازىلايدۇ.

رامىزاننىڭ باشقا بىر مەنىسى، كۆيۈش دېگەن مەنىنى كۆرسىتىدۇ، بۇ ئىپادىگە ئاساسلانغاندا رامىزان ئېيى رۇزىدارلارنىڭ گۇناھلىرىنى كۆيدۈرۈپ يوقىتىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ. ھەر ئىككى مەنىنىڭ بىرلىشىدىغان نوقتىسى؛ رۇزىدارنىڭ بۇ ئايدا گۇناھلىرىدىن پاكلىنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت.

# روزا

## رۇزا دېگەن نېمە؟

مۇبارەك ئىسلام دىنىمىزنىڭ بەش ئاساسى پىرىنسىپلىرىدىن بىرى رامىزان ئېيىدا بىر ئاي رۇزا تۇتۇشتىن ئىبارەتتۇر.

رۇزا؛ رۇزا تۇتۇشنى نىيەت قىلىپ، تاڭ ئېتىشقا باشلىغاندىن تارتىپ كۈن پاتقانغا قەدەر يېيىش، ئىچىش ۋە جىنسى مۇناسىۋەتتىن ئۆزىنى ساقلاشتىن ئىبارەت.

رۇزا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ ئىككىنچى يىلى پەرز قىلىنغان. رۇزا تۇتۇش، ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان ئاقىل، بالىغ ۋە ئىسلام شەرىئىتى رۇخسەت قىلغان بىر قىسىم ئۆزرىدار كىشىلەردىن باشقا ھەرقانداق مۆمىن مۇسۇلمانغا رامىزان ئېيىدا بىر ئاي رۇزا تۇتۇش پەرز قىلىنغان. بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ بەقەرە سۈرىسى 183 - 184 - ئايىتىدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «ئى مۆمىنلەر! (گۇناھلاردىن)ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن،سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە(يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) رۇزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى. (بۇ پەرز قىلىنغان رۇزا) ساناقلىق كۈنلەردۇر، سىلەردىن كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ (رۇزا تۇتمىغان بولسا)، تۇتمىغان كۈنلەرنى (يەنى قازاسىنى) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن،روزىنى (قېرىلىق ياكى ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن مۇشەققەت بىلەن) ئاران تۇتىدىغان كىشىلەر تۇتمىسا، (كۈنلۈكى ئۈچۈن) بىر مىسكىن تويغۇدەك تاماق فىدىيە بېرىشى لازىم. كىمكى فىدىيىنى(بەلگىلەنگەن مىقداردىن) ئارتۇق بەرسە، بۇ ئۆزى ئۈچۈن ياخشىدۇر، ئەگەر بىلسەڭلار رۇزا تۇتۇش سىلەر ئۈچۈن (ئېغىز ئۇچۇق يۈرۈشتىن ۋە فىدىيە بېرىشتىن) ياخشىدۇر.» شۇنىڭدەك يەنە بۇسۈرىنىڭ 185 - ئايىتىدە «سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن» دەپ بۇ ئىبادەتنىڭ كەسكىن ئادا قىلىنىشى تەكىتلەنمەكتە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئىسلامنىڭ بەش ئاساسى پىرىنسىپلىرىدىن بىرى رامىزان ئېيىدا بىر ئاي رۇزا تۇتۇش دەپ كۆرسەتكەن. (بۇخارى ئىمان بابى 2 - توم) بىرىنچى ئايەتتىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، رۇزا تۇنجى پەيغەمبەر ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە ۋە ئۇلارغا ئىمان كەلتۈرۈپ ئەگەشكەن ئۈممەتلىرىنىڭ ھوممىسىگە پەرز بولۇپ بەلگىلەنگەن مۇھىم بىر ئىبادەت.

روزا ئىنسانلار يارىتىلىپ يەر شارىدا ياشاشقا باشلىغاندىن بىرى ئىمان ئېيتىپ مۆمىن بولغان كىشىلەردىن ئىجرا قىلىنىشى تەلەپ قىلىنىپ كەلگەن بىر ئىبادەتتۇر. چۈنكى ئىنساننىڭ روھى جەھەتتە پاكلىنىپ ئەخلاقى تەرەپتىن يۈكسىلىشى ئۈچۈن، ئىنساننىڭ روزىغا زۆرۈر بولغىنىدەك ھەم ماددىي ۋە مەنەۋىي تەرەپتىن نۇرغۇنلىغان پايدىلىرى بار. يۇقۇردا بايان قىلىنغان ئايەتتە رۇزىنىڭ مۇسۇلمانلارغا پەرز قىلىنغانلىقى بىلدۈرۈلگەندىن كېيىن، كېسەل، مۇساپىر، ۋە روزا تۇتۇشقا كۈچى يەتمەيدىغان ئۆزۈر ئىگىلىرىنىڭ روزىسى رامىزان ئېيىدىن باشقا ئايلاردا تۇتۇلسىمۇ بولىدىغانلىقى بايان قىلىغان. شۇنىڭدەك داۋاملىق ئۆزرىدار بولۇپ، ئۆمۈر بويى روزا تۇتۇشقا قادىر بولالمايدىغانلار پىدىيە بىرىشى كېرەكلىكى بۇيرۇلغان. دېمەككى بۇ ئايەتتە ئاسانلىق بولىشى ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن ئۆزرە ئىگىلىرىدىن بولمىغان ھەر قانداق بىر مۆمىن مۇسۇلماننىڭ ئاللاھنىڭ «روزا تۇتۇڭ» ئەمرىگە قەتئى بوي سۇنۇشى لازىم.

**باشقا ساماۋى دىنلاردا روزا**

رۇزىنىڭ پەرز قىلىنغانلىقى بايان قىلىنغان بەقەرە سۈرىسىنىڭ 183 - ئايىتىدىكى، «ئى مۆمىنلەر! (گۇناھلاردىن)ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن،سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغانىدەك،سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى.» دېگەن ئىپادىسى، روزا تۇتۇش پەقەت بىز مۇسلمانلارغىلا ئەمەس، بىزدىن بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممىتىگىمۇ ئوخشاشلا پەرىز قىلىنغانلىقنى ئۇقتۇرىدۇ.

ئاما ئۇلارغا پەرز قىلىنغان روزا بەزى رىۋايەتلەرنى ھېساپقا ئالمىغاندا قانچە كۈن ئىكەنلىكى، قاچان ۋە قانداق ئىكەنلىكى توغرۇلۇق ئىنىق بىر مەلۇمات يوق. چۈنكى بۇرۇنقى ئىلاھى كىتاپلاردىن ئىبارەت تەۋرات ۋە ئىنجىلنىڭ كۆپ قىسمى ئۆز مۇنتەسىپلىرى تەرىپىدىن بۇرمۇلىنىپ، دىنى ھۆكۈملەرنىڭ كۆپ قىسمى، شۇنىڭدەك روزىدىن ئىبارەت بۇ ئىباتىنىڭمۇ شەكلى ۋە زامانى ئۆزگۈرۈپ كەتكەن. بۇ سەۋەپتىن ئۇلارغا پەرز قىلىنغان رۇزىنىڭ ۋاقتى ۋە شەكلى توغرۇسىدا ئىنىق بىر مەلۇمات بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمىز. شۇڭا بۈگۈنكى كۈنىمىزدىكى يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلارنىڭ تۇتىدىغان روزا شەكلى ۋە ۋاقىت جەدۋىلى ئوخشاش ئەمەس. ئۇلارنىڭ تۇتىدىغان روزىسى، ھەر خىل مۇناسىۋەت ۋە قائىدە يوسۇنغا باغلىنىپ قالغان.

ئىسلام دىنىمىزدا ئەمرى قىلىنغان روزىغا كېلىدىغان بولساق؛ قۇرئان كەرىم 14 ئەسىر بورۇن جانابى ئاللاھتىن قانداق نازىل قىلىنغان بولسا تا بۈگۈنكى كۈنگىچە پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە، مۇقەددەس كىتابىدا شۇ بويىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. شۇنىڭدەك ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھايات پائالىيىتى، تەرجىمىھالى ۋە پۈتۈن سۆز - ھەرىكىتى ساھابە كىراملار ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى ھەدىسشۇناس ئالىملارنىڭ زور ئەمگىكى بىلەن تولۇق خاتىرىلىنىپ ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇ سەۋەپتىن قۇرئان كەرىم روزا تۇتۇشنى قانداق كۆرسەتكەن بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈممەتلىرىگە قانداق ئۈگەتكەن بولسا، ھازىرغىچە شۇ بويىچە تۇتۇلۇپ كەلمەكتە. ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرسى، ئۇنىڭ ئىنسانلارغا تەبلىغ قىلىنغان ۋاقتتىن باشلاپ ھازىرغىچە ھېچ قانداق بىر ئۆزگەرتىش

كىرگۈزۈلمىگەنلىكىدىن ئىبارەتتۇر. بۇندىن كېيىنمۇ تا قىيامەتكىچە مۇشۇنداق داۋاملىشىدۇ ۋە قەتئىي ئۆزگەرمەيدۇ. بۇيۈك ئاللاھ مۇقەددەس كىتابىمىز قۇرئان كەرىمنى ئۆزى ساقلايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ۋەدە قىلغان. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز» (سۈرە ھىجرى 9 - ئايەت .)

## روزىنىڭ مۇكاپاتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، روزا تۇتۇش بىلەن پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىنى ئورۇندىغان مۆمىنلەرنىڭ گۇناھى ئەپۇ قىلىنىدىغانلىقىنى بىشارەت بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھەرقانداق بىر ئادەم ئاللاھقا ئىشىنىپ، ساۋابىنى ئۈمىت قىلغان ھالدا رامىزان روزىسىنى تۇتسا، ئۇنداق ئادەمنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.» (ئىمام بۇخارى رىۋايىتى)

لۇتپى - ئىنايىتى ۋە رەھمىتى چەكسىز جانابى ئاللاھ بىزنىڭ قىلغان ئىبادەت ۋە ياخشى ئىشلىرىمىزغا ئەڭ ئاز دېگەندە بىرگە ئون قات ساۋاپ ۋە ئەجرى - مۇكاپات بېرىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغان. بۇ مۇكاپاتنىڭ بەزى ئىبادەتلەردە يەتتە يۈزگىچە كۆپەيتىلىدىغانلىقىنى پەيغەمبىرىمىز بىشارەت بەرگەن. ئاما روزا بۇ سان - سىپىرلار بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ. روزىنىڭ مۇكاپاتى بىر ئۆيلاپ يېتەلمەيدىغان دەرىجىدە كۆپ ۋە ئالاھىدە بولىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئادەم ئوغۇللىرىنىڭ ھەر قانداق (ياخشى) ئىش - ئەمىلىگە قاتمۇ قات مۇكاپات بېرىلىدۇ، بىر ياخشىلىق ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىغىچىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتۈرۈلىدۇ.» جانابى ئاللاھ ئېيتىدۇكى: «ئەمما روزا بۇنىڭ سىرتىدا، چۈنكى روزا (رىيادىن خالى مۇتلەق ۋە خالىس) ماڭا قىلىنغان ئىبادەتتۇر. ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى مەن ئۆزەم بېرىمەن. روزىدار ئادەم، يېمەك - ئىچمىكىنى ۋە جىنسى ئارزۇ - تەلەپلىرىنى مېنىڭ ئۈچۈن تەرك ئەتكەن.» (ئىمام بۇخارى رىۋايىتى).

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، جانابى ئاللاھ روزىغا ئالاھىدە ئېتىبار قىلىش بىلەن بىرگە مۇكاپاتىنىڭ ئىنتايىن كاتتا بولىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلغان. چۈنكى روزا قاتتىق سەبرچانلىق تەلەپ قىلىدىغان مۇشەققەتلىك بىر ئىبادەتتۇر. ئىنساننىڭ تاڭ ئاتقاندىن باشلاپ كۈن پاتقانغا قەدەر ئۆزىنىڭ ھالال دائىرىدە يېيىشى، ئىچىشى ۋە جىنسى ئالاقىدە بولۇشى تەبىئىي ھەققى ۋە ئېھتىياجى بولغان بولسىمۇ، جانابى ئاللاھنىڭ «روزا تۇتۇڭلار» دېگەن سۆزىگە بوي سۇنۇپ، پۈتۈن بۇ ئىنسانى ئېھتىياجلىرىدىن بەلگىلەنگەن مۇددەتكىچىلىك ۋاز كېچىشى، ساغلام بىر ئىمان ۋە تەۋرەنمەس بىر ئېتىقاد ۋە پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىگە مۇتلەق تەسلىم بولۇپ بوي ئەككەنلىكىنىڭ نامايەندىسىدۇر. بۇنداق پىداكارلىق پەقەت ئاللاھ ئۈچۈن بولىدۇ. باشقا ئادەملەر كۆرمەيدىغان، ئۆز ۋىجدانى بىلەن يالغۇز قالغاندىمۇ روزا تۇتقان بىر مۆمىن ئۆزىنىڭ ئىماندا سەممىي ۋە سادىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چوڭ بىر ئىمتىھاندىن ئۆتكەن بولىدۇ. بۇنداق چوڭ ئىمتىھاندىن ئۆتكەن ئادەمنىڭ مۇكاپاتى ئەلۋەتتە چوڭ ۋە ئالاھىدە بولىدۇ. دۇنيا ئىشلىرىدا بىرەر بۈيۈك ئىشلاردا ئۇتۇق قازانغان مەشھۇر شەخسلەرگە مۇكاپاتنى بەزىدە دۆلەت رەئىسى ئۆزى تەقدىم قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. دۆلەت رەئىسى تەقدىم قىلغان بۇ مۇكاپات ماددى جەھەتتە ئاز بولسىمۇ مەنەۋىي جەھەتتە بۈيۈك قىممەتكە ئىگە. روزا دىن ئىبارەت بۇ مۇبارەك

ئىبادەتنىڭ مۇكاپاتىمۇ بۇ ماھىيەتكە ئىگە. روزا ئىبادىتىنى ئۆز لايىقىدا ئادا قىلغان كىشىلەر جەننەتكە ئۆزلىرىگە خاس ئايرىم ئىشىكتىن كىرىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «جەننەتتە «رەييان» ئىسىملىك بىر ئىشىك بولۇپ، بۇ ئىشىكتىن قىيامەت كۈنى پەقەت روزا تۇتقان كىشىلەرلا كىرىدۇ؛ ئۇ ئىشىكتىن ئۇلاردىن باشقا ھېچ كىم كىرمەيدۇ. (ئىمام بۇخارى رىۋايىتى) روزا تۇتقان ۋە رۇزىنىڭ پۈتۈن ئەدەپ - ئەركانلىرىغا تولۇق رىئايە قىلغان ھالدا ئىمتىھاندىن ئۆتكەن مۆمىن ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۆزىنى غايەت بەختىيار ۋە ئىنتايىن تەلەيلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «روزا تۇتقۇچى ئۈچۈن ئىككى خۇشاللىق بار، بىرى ئىپتار ۋاقتىدىكى خۇشاللىق ، يەنە بىرى (رۇزىنىڭ مۇكاپاتىنى ئېلىش ئۈچۈن) ئاخىرەتتە پەرۋەردىگارى بىلەن كۆرۈشكەن چاغدىكى خۇشاللىق» دۇر. (ئىمام بۇخارى رىۋايىتى).

### نېمە ئۈچۈن روزا تۇتىمىز ؟

بىز مۆمىنلەر ھەرقانداق بىر دەرىجە يا كى بىرەر مۇكاپات ئۈچۈن ئەمەس پەقەت ئاللاھنىڭ ئەمرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ زاتنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن روزا تۇتىمىز . بىرەر مەنپەئەت كۆزلەپ قىلىنغان ھەرقانداق ئىبادەت تىجارەتچىنىڭ ئىبادىتى ھېساپلىنىدۇ. ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكرى قىلىش مەقسىدى بىلەن قىلىنغان ئىبادەت ھۆر ئادەمنىڭ ئىبادىتىدۇر. (مىرقاتۇل مەپاتىھ 2 - توم 135 - بەت) جانابى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مەقبۇل بولىدىغان ئىبادەت ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئىپادىسى بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا، جانابى ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكرى قىلىش بۇرچىنى ئادا قىلىش بىلەن بىرگە ئۇ زاتنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىبادەتتۇر. جانابى ئاللاھ مۇشۇنداق سەممىي ئىخلاس بىلەن قىلىنغان ئىبادەتلەرنى قوبۇل قىلىدۇ.

### روزا تۇتۇشنىڭ ھېكمەت ۋە پايدىلىرى

جانابى ئاللاھ ئىنسانلارغا ئەمرى قىلغان ھەرقانداق ئىبادەتنىڭ نۇرغۇنلىغان ھېكمىتى ۋە كۆپلىگەن پايدىلىرى بار. روزا تۇتۇشتا جانابى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ بۇ ھېكمەت ۋە پايدىلىرىنى نەزەر دىققىتىمىزدىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. رۇزىنىڭ پايدىلىرى قىسقىچە تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

### روزا يامانلىقلاردىن ساقلايدۇ

قۇرئان كەرىمدە روزا پەرز قىلىنغان ئايەتنىڭ ئاخىرىدا «تاكى ساقلانغايسىلەر» دېگەن ئىپادە رۇزىنىڭ ھېكمىتىگە دىققىتىمىزنى تارتماقتا.

جانابى ئاللاھ ھەرقانداق دەرتكە داۋا ۋە كېسەلگە شىپالىق ۋاستىلىرىنى بەرگىنىدەك، يامان ئادەت ۋە قىلىقلاردىن ساقلايدىغان ئامىللارنىمۇ ئۇسۇل ۋە چارىلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. مانا شۇنىڭدەك رۇزىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى رۇزىدار ئادەمنى يامان ئىشلارنى قىلىپ، گۇناھكار بولۇشتىن ساقلايدىغان

ئىبادەت ئىكەنلىكىدە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام روزىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىنى بىزگە ئاسان چۈشىنەلەيدىغان شەكىلدە ئىنتايىن گۈزەل مىسال ئارقىلىق مۇنداق بايان قىلماقتا: «روزا بىر قالقاندۇر، ئۇنداق ئىكەن روزىدار ئادەم يامان سۆز قىلمىسۇن، ئۆزى بىلەن دوقۇرشۇپ جىدەل قىلماقچى بولغانلارغا ئىككى قېتىم» مەن روزىدار «دېسۇن» (ئىمام بۇخارى رىۋايىتى).

ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك قالقان ئۇرۇش مەيدانىدا دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىدىن ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىدىغان بىر ۋاستا. قانداقكى قالقان ئىگىسىنى دۈشمەندىن قوغدىغىنىدەك، روزىمۇ روزىدارنى گۇناھ ئىشلەشتىن ساقلايدۇ. روزىدار ئادەم بىرەر يامان ئىش قىلىشتىن ئۆزىنى ساقلىغاندىن سىرت، باشقىلارنىمۇ يامانلىقتىن توسۇپ قالىدۇ؛ «مەن روزىدار، مەن روزىدار» دەپ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ جېدەل قىلماقچى بولغانلار بىلەن تەڭ ماجىراغا كىرمەيدۇ. روزا ئادەمنى پەقەت يامانلىقلاردىن ساقلاش بىلەن قالمايدۇ. ئۇنى جەھەننەمنىڭ ئوتىدىنمۇ ساقلايدۇ. چۈنكى ئىنساننى جەھەننەمگە ئېلىپ بارىدىغىنى گۇناھ ۋە جىنايى قىلمىشلاردۇر. جىنايى قىلمىشلاردىن ئۆزىنى ساقلىغان ئادەم جەھەننەمگە كىرىشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

ھەرقانداق يامانلىقنىڭ بېشى ئاللاھنى ئۇنۇتۇش ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىك تۇيغىسىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ھالبۇكى روزا تۇتۇش ئىنسانغا دائىم ئاللاھنى ئەسلىتىدۇ، مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بىر ئاي داۋاملاشقان بۇ مەنىۋى تەربىيە نەتىجىدە روزىدارنىڭ قەلبىگە ئاللاھتىن قورقۇش تۇيغىسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەيدۇ. مانا بۇ شەكىلدە ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىش ـ ھەركىتىنى كونتىرول قىلىپ، ھەرقانداق يامان ئىش ۋە يامان ئەخلاقتىن قول ئۈزىدۇ.

**روزا ئەخلاقىمىزنى گۈزەللەشتۈرىدۇ**

روزا، مۇئەييەن بىر ۋاقىت ئۇسسۇز ۋە ئاچ قېلىش ھادىسىسىدىن ئىبارەتلا ئەمەس. روزىنى بۇ شەكىلدە چۈشىنىش روزىنىڭ ھەقىقى ماھىيىتىنى تولۇق ھېس قىلالمىغانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. روزا، مۇستەھكەم بىر ئىرادە تەربىيەسى، ئىنساننى يامان ئەخلاق، يامان ئىشلار ۋە يامان خۇيلاردىن ساقلاپ، ياخشى ئىشلار ۋە ياخشى ئەخلاق بىلەن تەربىلەش كۇرسىدىن ئىبارەت. مانا بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ھەرقانداق بىر ئادەم يالغان ئېيتىشنى ۋە يالغان بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىشنى تاشلىمىسا، جانابى ئاللاھ ئۇنداق ئادەمنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىنى توختاتقانلىقىنى ئېتىبارغا ئالمايدۇ.» (ئىمام بۇخارى رىۋايىتى). بۇ ھەدىس شەرىپتە روزىنىڭ بۈيۈك نىشانى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. روزىدار تۇرۇپ يامان خۇي ۋە يامان ئەخلاقنى تاشلىمىغان ئادەملەرنىڭ تۇتقان روزىلىرىغا جانابى ئاللاھنىڭ ئېتىبار قىلمايدىغانلىقى بىلدۈرۈلمەكتە. بۇ ماۋزۇنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىس شەرىپتە مۇنداق دېگەن: «نۇرغۇن روزا تۇتىدىغان ئادەملەر باركى، ئۇلارنىڭ تۇتقان روزىسىدىن ئۇلارغا قالىدىغىنى پەقەت ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق. نۇرغۇن كېچىلىرى ئىبادەت قىلىدىغان ئادەملەر باركى، ئۇلارغا قالىدىغىنى پەقەت ئۇيقۇسىزلۇق» (ئىبنى ماجە روزا بابى) بۇ ئادەملەر ئاللاھ ھالال قىلغان نەرسىلەرنى روزا مۇناسىۋىتى بىلەن تاشلىغان بولسىمۇ، ئاساسلىق تاشلىنىشى كېرەك بولغان نەرسىلەرنى تاشلىمىغانلىقى ئۈچۈن، قىلغان ئىبادىتىدىن كۆتكەن مۇكاپاتىغا

ئېرىشەلمەيدۇ. بۇنىڭدىن شۇ مەلۇم بولىدۇكى، رۇزىنىڭ ئەسلى غايىسى ئىنساننى يامانلىقلاردىن ئۇزاقلاشتۇرۇپ كامىل ئىنسان قىلىپ يېتىلدۈرۈش ۋە گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەت بىلەن بىزەشتىن ئىبارەت.

## ئىسلام ئالىملىرى روزىنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۈچكە ئايرىغان

1 ・ سوھۇر ۋاقتىدىن كېيىن پاتقىچىلىق بولغان ئارلىقتا يېيىش ـ ئىچىش ۋە جىنسى مۇناسىۋەتتىن ساقلىنىش بىلەن تۇتۇلغان روزىدۇر. بۇ رۇزا، رۇزا شەرتلىرى تېپىلغانلىقى ئۈچۈن توغرا رۇزا ھېساپلانسىمۇ، لېكىن رۇزىنىڭ ئەسلى غايىسىگە يېتىش ئۈچۈن رۇزىدارنىڭ ئىككىنچى پەللىنى بېسىشىغا لازىم كېلىدۇ.

2 ・ بۇ بىرىنچى مەرتىۋە بىلەن بىرلىكتە، يەنە قۇلاق ، كۆز، تىل ۋە پۇت ـ قول قاتارلىق پۈتۈن ئەزالىرىنى گۇناھتىن ساقلاپ تۇتۇلغان روزىدۇر. جانابى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مەقبۇل رۇزا بۇ خىل رۇزادۇر. چۈنكى بۇ، ئىنساندا ئۆزىنىڭ ئىجابى تەسىرىنى كۆرسىتىپ، رۇزىدارنى گۈزەل ئەخلاق بىلەن بىزەپ، ئەسلى غايىسىگە ئېرىشكەن روزىدۇر.

3 ・ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى مەرتىۋىلەر بىلەن بىرگە يەنە قەلبىدە ئاللاھتىن باشقىسىغا ئورۇن بەرمەسلىك، قەلبىنى ئاللاھتىن باشقا شەيئىلەر بىلەن مەشغۇل قىلماسلىق شەكلىدە تۇتۇلغان روزىدۇر. مانا بۇ رۇزىدار ئۆزىنىڭ تۇتقان روزىسىدا ئېرىششى مۇمكىن بولغان ئەڭ يۈكسەك دەرىجە بولۇپ، بۇ دەرىجىگە پەيغەمبەرلەر ۋە ئاللاھنىڭ ۋەلى قۇللىرىدىن باشقا شەخسلەرنىڭ يېتىشى ئىنتايىن قىيىن بولغان بىر مەرتىۋىدۇر.

رۇزىدار ئادەم، ئالدى بىلەن يېيىش ـ ئىچىش ۋە جىنسى ئارزۇ تەلەپلىرىدىن ۋاقىتلىق بىر مۇددەت ئۆزىنى چەكلەپ نەپسىگە ھاكىم بولۇشنى ئۆگىنىدۇ، بۇنداق نەپس تەربىيىسى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزالىرىنى تۈرلۈك يامان قىلىق ۋە يامان ئەخلاقلاردىن ئۇزاقلاشتۇرىدۇ. بۇ شەكىلدە رۇزىدار نىھايەت قەلبىنىمۇ يامان ھېس ـ تۇيغۇلاردىن پاكىزلاپ، پەرىشتىلەردەك پاك پاكىزە بولۇپ كېتىدۇ. ئىنسان ماددىيپەرەسلىكتىن، پانى ھېس ئارزۇ ـ تەلەپلەردىن ئۇزاقلاشقانسىرى پەرۋەردىگارىغا بولغان بەندىچىلىكىنىڭ ئەڭ يۈكسەك مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ ۋە بارغانچە ئاللاھقا يېقىنلىشىدۇ.

## روزا ئادەمنىڭ سالامەتلىكىنى ساقلايدۇ

روزىنىڭ، روھ ۋە بەدەنگە بولغان ئىجابى تەسىرى ۋە تەن سالامەتلىكى جەھەتتە پايدىلىق نەتىجىلىرى تىببى ساھەدە تەتقىق قىلىنغان ھەقىقەتتۇر. نۇرغۇنلىغان ھېكمەت بىلەن تولۇپ تاشقان رۇزىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەزەر دىققىتىمىزنى قارىتىپ مۇنداق دېگەن: «روزا تۇتۇڭلاركى، كېسەلدىن خالى بولغايسىلەر.» (كەشفۇل خىفا 2 - توم 33 - بەت) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئالەمشۇمۇل مۇبارەك سۆزىنىڭ مەنىسى بۈگۈنكى كۈنىمىزدىكى تەرەققىيات دەۋرىگە نۇر بولماقتا. دىنىمىز بۇيرىغان ئىبادەتلەردىكى سىر ۋە ھېكمەتلەر ۋاقىت ئۆتۈپ، دەۋر تەرەققى قىلىپ ئىنسانلارنىڭ ئاڭ سەۋىيەسى كۆتۈرۈلگەنسىرى تېخىمۇ ئېنىق نامايەن بولىدۇ. رۇزا تۇتۇشنىڭ تەن ـ سالەمەتلىككە بولغان پايدىلىرىنى تېخىمۇ ئېنىق بىلىش ئۈچۈن بۇ ئىشنىڭ ئەھلى تىببى دوكتۇرلارنىڭ

سۆزىگە قۇلاق سالايلى: «تېنى كېسەلدىن خالى ئادەملەر ئۈچۈن روزا تۇتۇشنىڭ ھېچقانداق بىر سەلبى تەسىرى يوق، ئەكسىچە "روزا تۇتقۇچىلار، كېسەلدىن خالى بولىسىلەر"» دېگەن ھەدىس شەرىپتە ئىشارەت قىلىنغىنىدەك سالامەتلىككە كۆپ پايدىسى بار. 8 - 16 سائەت ئاشقازان ۋە ئاشقازاننىڭ ئارام ئېلىپ ئۆزىنى بىر قۇر سەرەمجانلاشتۇرۇۋېلىشى ئىنتايىن چوڭ بىر پايدادۇر. (پ د تەۋپىق ساغلام، دىنى ئىشلار يورنىلى، بىرىنچى سان).

«روزا تەن - سالامەتلىكى نورمال ئادەملەر ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق بىر پەرھىز ھېساپلىنىدۇ. ئاز يېيىش ۋە نورمال ياشاش پرىنسىپى بويىچە روزا تۇتىدىغانلار، بولۇپمۇ رامىزان ئېيىدا تولۇق بىر ئاي روزا تۇتۇش ئادەمنى خېلى ئورۇقلىتىدۇ. بۇ ئورۇقلاش، ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدىكى 11 ئايلىق يېغىلىپ قالغان زىيانلىق ياغ ۋە مايلارنىڭ ئېرىپ تۈگىگەنلىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ. مانا بۇ ئۇسۇل، بۈگۈنكى كۈنىمىزدە ھەرقانداق شەخسكە تەۋسىيە قىلىنىدىغان سالامەتلىك پرىنسىپىدۇر. چۈنكى سېمىزلىك شىكەر كېسىلى بىلەن ئەڭ يېقىن قوشنا ئامىللاردىن بىرى. بۈنگۈدىن باشقا يەنە تۇمۇر قېتىش، يۈرەك كېسەللىكلى، قان بېسىمىنىڭ يوقۇرلىقى قاتارلىق بىر قانچە كېسەللىكلەرنىڭ يوقۇملىنىشىغا ئۇرۇن ھازىرلايدۇ. دېمەككى، روزا تۇتۇش روزىدار ئادەمنى يۇقىرىقى بۇ دەرتلەردىن ساقلاشتا چوڭ رول ئوينايدۇ. (پۇ د ناجى بور دىنى ئىشلار يورنىلى 9 - سان) . بۇ ھەقىقەتنى پەقەتلا دىنى ئالىملار ئەمەس، بۇ ماۋزۇ ئۈستىدە ئالاھىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان غەرب ئالىملىرىمۇ ئېتىراپ قىلىپ قوبۇل قىلغان.

1940 - يىلى تىببى نوبىل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن مەشھۇر دوكتۇر ئالىكسىس كارېل ( Alexıs Carrel) ئۆزىنىڭ L`Hamme, Cet inconnu ناملىق ئەسىرىدە: روزا ئۆز نۆۋىتىدە ئىنساننىڭ ئورگانلىرىدا يېغىلىپ قالغان زاپاس ماددىلارنىڭ سەرپ قىلىنىپ، ئۇرنىغا يېڭىلىرىنىڭ قاچىلىنىدىغانلىقىنى، بۇ شەكىلدە ئىنسان ئورگانلىرىدىكى پۈتۈن ھۈجەيرىلەرنىڭ يېڭىلىنىدىغانلىقىنى يېزىش بىلەن روزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى رولىنىڭ ئىنتايىن ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تىلغا ئالىدۇ. (ھايات ئانسكىلوپېدىسى، روزا تېمىسى).

روزىنىڭ پايدىسى پەقەت جىسىم ئورگانلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. روزا ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدىكى سەپرا ۋە چۈرۈك مىجەزىنى تەڭشەشتە ئىنتايىن ئۈتكۈر تەسىرى كۈچكە ئىگە. روزىدارنىڭ بۇ ئىبادەتتىن ئالىدىغان مەنەۋىي ھوزۇرى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى روھى راھەتسىزلىقلىرىنى قالدۇرۇپ، كۆڭۈل ئازادىلىكى بېغىشلايدۇ. ئەسلىدە ئىنسان جانابى ئالاھ بۇيرىغان ھەرقانداق بىر ئىبادەتنى ئۆز رازىلىقى بىلەن ئادا قىلالىسا، ئۇ مۆمىنىنىڭ قەلبى شۇنچىلىك ھوزۇر ۋە راھەتلىك ھېس قىلىدۇكى بۇنى ھەرقانداق مۆمىن مۇسۇلمان ئۆز ۋۇجۇدىدا ھېس قىلىدۇ. بولۇپمۇ روزىدىن ئىبارەت بۇ مۇبارەك ئىبادەت ئىنسان ۋۇجۇدىدا باشقا بىر كەيپىيەت، روھىدا ئۆزگىچە بىر ھال، مىجەز - خۇلقىدا مۇلايىملىق، مېھرىبانلىق كەيپىيەتلىرىنى زىيادە قىلىدۇ.

**روزا ئادەمگە ئالاھنىڭ ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنىڭ قەدرى - قىممىتىنى بىلدۈرىدۇ**

ئادەم، نېمەت قول ئىلكىدە چېغىدا ئۇ نېمەتنىڭ قەدرى قىممىتىنى بەك بىلىپ كەتمەيدۇ. قاچانكى، قولىدىكى نېمەتتىن ئايرىلىپ قالغاندا ئاندىن ئۇ نېمەتنىڭ قىممىتىگە يېتىدۇ، لېكىن

پۇرسەت قولدىن كەتكەندە قىلغان پۇشايمان پايدا بەرمەيدۇ. مانا شۇنىڭدەك ھەر كۈنى 3 - 4 ۋاقىت تاماق يەپ ، خالىغان خاغدا چاي، مېۋە سۈيى، سوغۇق سۇ ئىچىپ ئادەتلىنىپ كەتكەن كىشىگە نىسبەتەن بۇ نەرسىلەرنىڭ قىممىتى ئانچە بىلىنىپ كەتمەيدۇ. روزا تۇتۇپ بۇ نېمەتلەردىن مەلۇم ۋاقىت ئۆزىنى تارتىپ نەپسىگە ھاكىم بولغاندىن كېيىن، بۇ نېمەتلەرنىڭ قىممىتىنى تونۇپ يەتسە كېرەك. كەمبەغەللەرنىڭ دەردى - ئەھۋالىنى چۈشۈنۈپ ئۆزى ھېس قىلغان بۇ ئاچلىق ۋە سۇسىزلىقلارنىڭ ئاچچىق ئەلىمىنى ئۇلارنىڭمۇ تارتىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ.

ئىنسان قول ئىلكىدىكى نېمەتلەرنىڭ قىممىتىنى چۈشىنىپ يەتكەندىن كېيىن، ئاندىن ئۇ نېمەتلەرنى ئىسراپ قىلماي، جايىغا ئىشلىتىشنى، ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشنى تونۇپ يېتىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان جانابى ئاللاھقا كۆپ شۈكرى قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى بىلىپ يېتىدۇ. نېمەتلەرگە شۈكرى قىلىش ئۇ نېمەتلەرنىڭ تېخىمۇ زىيادە بولىشىغا ۋەسىلە بولىدۇ. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: «ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭلار: «نېمىتىمگە شۈكۈر قىلساڭلار، (ئۇنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن، ئەگەر (كۇفرانى نېمەت) قىلساڭلار، مېنىڭ ئازابىم، ئەلۋەتتە، بەكمۇ قاتتىق بولىدۇ» دەپ جاكارلىدى» (سۈرە ئىبراھىم 7 - ئايەت).

**روزىدار سەبىرچانلىقنى ئۆگىنىدۇ**

سەبىرچان بولۇش غەلبىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئاساسلىق ئامىللىرىدىن بىرى. قولىدىكى ھالال نېمەتلەرگە روزىدار بولغانلىقى ئۈچۈن قول ئۇزاتمىغان ئادەم؛ ئىرادىسىگە ھاكىم بولۇپ، نەپسىنى كونتىرول قىلىپ تەربىيەلەش بىلەن ئىنتايىن چوڭ ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرگەن بولىدۇ. بۇنداق بىر ئادەم ئۆمرىدە دۇچ كېلىدىغان ھەرقانداق غەم - قايغۇ ۋە قىيىنچىلىقلار ئالدىدا تەمتىرەپ، ھودۇقۇپ قالمايدۇ. بۇلارغا سەبرى قىلىدۇ، پۇتتىرەپ چىدامچانلىق كۆرسىتىدۇ، بىرەر دەرت - ئەلەمگە دۇچار بولغاندا سەبىرچانلىق بىلەن ئۆزىنى تۇتىۋالىدۇ.

**روزىنىڭ جەمئىيەتكە يېتىدىغان پايدىسى**

روزىنىڭ شەخسلەرگە قارىتىلغان نۇرغۇن پايدىلىرىدىن باشقا، جەمئىيەتكە بولغان يەنە نۇرغۇن پايدىلىرى بار.

روزا، ئادەمدە مېھرىبانلىق تۇيغۇلىرىنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەتتە ئۆز ئارا ھەمكارلىق ۋە مېھرىبانلىقتىن ئىبارەت ھېس - تۇيغۇلارنى بەرپا قىلىدۇ.

ئۆمرىدە ئاچلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان بىر ئادەم، پېقىر - مىسكىنلەرنىڭ ئاچلىق دەرت - ئەلەملىرىنى تولۇق چۈشىنەلەمدۇ؟ ھەر كۈنى ھەر تۈرلۈك نازۇ نېمەتلەر ئالدىغا تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئادەم، يوقسۇل كەمبەغەللەرنىڭ ئاچلىقتىن تارتقان ئازابلىرىنى ھەقىقى مەنىدە ھېس قىلىپ يېتەلەمدۇ؟

ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ تارتقان ئەلەملىرىنى تولۇق مەنىدە ھېس قىلالمايدۇ. ئامما روزا تۇتۇپ باققان ئادەم ئاچلىقنىڭ دەردىنى ئەمەلىيىتى بىلەن كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ دەردىنى، تارتقان ئازابىنى چۈشىنىدۇ ۋە تولۇق مەنىدە ھېس قىلىپ يېتەلەيدۇ - دە ئۇلارغا ھېسداشلىق ۋە مېھرىبانلىق تويغۇسىنى

ۋىجدانىدا ھېس قىلىدۇ. نەتىجىدە، يېتىم - يېسىر كەمبەغەللەرگە ياردەم قولىنى سۇنۇپ، ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشقا تىرىشىدۇ. بۇ شەكىلدە جەمئىيەتنىڭ قايغۇ ئەلەملىرىگە ياردەملەشكەن بولىدۇ.

دىنىمىز پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى بىر تەن ، بىر جەسەت دەپ بىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا بىر - بىرىنىڭ دەرت - ئەلەملىرىگە ياردەمدە بولۇشىنى تەلەپ قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «قوشنىسى ئاچ ئۆزى توق يېتىپ قالغان ئادەم كامىل مۆمىن ئەمەس.» (ئەتەرغىب ۋەتتەرھىب 3 - توم، 358 - بەت) دېگەن مەنىدىكى سۆزى تېمىمىزنىڭ قىممىتىنى ئىنتايىن ئېنىق شەكىلدە ئاشۇرىدۇ. بىز مۇسۇلمانلارغا ئەڭ گۈزەل بىر مىسال، بىزنىڭ سۆيۈملۈك پەيەغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مەرت ۋە سېخىسى ئىدى. شۇنداق تۇرۇغلۇق رامىزان ئېيى يېتىپ كەلگەندە ئۇ زاتنىڭ سېخىلىقى ۋە مەرتلىكى نەچچە ھەسسىگە قاتلىناتتى. قول ئېلىكىدىكى ھەرقانداق نەرسىنى پېقىر يوقسۇللارغا تارقىتىپ بېرەتتى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۆھتىرەم ئايالى ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىز مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچ بىر زامان ئارقا ئارقىدىن ئۈچ كۈن قورسىقىنى تويغۇزۇپ تاماق يەپ باقمىغان. بۇنداق بولىشى قول ئىلكىدە يوقلىقىدىن ئەمەس ئىدى. خالىسا تويغۇچە غىزالانغان بولاتتى. لېكىن ئۇ زات، كەمبەغەللارنى تويغۇزۇپ، ئۆزى ئاچ يۈرۈشنى ئەبزەل كۆرەتتى.» (ئىبنى ماجىجە رىۋايىتى).

ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىك زامانىدا توققۇز ئاي قەھەتچىلىك يۈز بەرگەن. ھەزرىتى ئۆمەر مۇھتاج كىشىلەر بىزنىڭكىگە كەلسۇن «دەپ پۈتۈن ئادەملەرگە ئېلان قىلغان؛ ئۇ زات ئۆزى تا قەھەتچىلىق ئايلىرى ئاخىرلاشقىچىلىق قۇرۇق نان ۋە زەيتۇن يېغىدىن باشقا بىر نەرسە يېمەيدىغانلىقىغا قەسەم قىلغان.» (ئەتتەبەقاتۇل كۇبرا 1 - توم 24 - بەت)

دېمەكچى بولغىنىمىز، روزا ھەقىقى مەنىدە؛ ئىنساننى نەپسىگە قۇل بولۇشتىن قۇتۇلدۇرۇپ، خۇددى پەرىشتىدەك پاكىزلايدىغان ھەقىقى بىر تەربىيىدۇر . بۇنداق تەربىيە كۆرگەن مۆمىن؛ ھالال نەرسىلەرگە قولىنى ئۇزاتمىغان يەردە، ھارامغا قانداقمۇ قولىنى سۇنالايدۇ؟ ھالال جىنسى ئارزۇ - تەلەپلىرىدىن ۋاز كەچكەن يەردە ؛ قانداقمۇ ھارام يوللارغا كىرەلەيدۇ؟ زىنا ۋە پاھىشىدەك نۇمۇسسۇز پاسكىنا ئىشلارغا نەزەر سالالايدۇ؟

روزىدىن ئىبارەت بۇ مۇبارەك ئىبادەتنىڭ بۇ ئىجابى تەسىرى ھاياتىمىزغا قانچىلىك سىڭسە، روزىنىڭ بىز مۆمىنلەردىن كۈتكەن تەلىۋى شۇنچە ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئاخىرىدا جانابى ئاللاھتىن ئۈمىد ىمىز، تىلىگىمىز ۋە ئارزۇ ئىستىگىمىز، بۇ مۇبارەك روزا مۇناسىۋىتى بىلەن بىر ئاي كۈندۈزلىرى، ھالال يېمەك - ئىچمەكتىن نەپسىمىزنى يىغقىنىمىزدەك؛ تىلىمىزنى يالغاندىن، قولىمىزنى ھارام ئىشلاردىن، ئاش قازىنىمىزنى ھارام لوقمىدىن، كۆزلىرىمىزنى ھارامغا قاراشتىن، قولاقلىرىمىزنى يالغان ۋە غەيۋەتنى تىڭشاشتىن، پوتۇمىزنى يامان ئىشلارغا مېڭىشتىن ساقلاپ، نەتىجىدە روزىدىن ئالىدىغان نەسىبىمىزنى تولۇق ئېلىشىمىز ۋە ئۆمرىمىزنىڭ ئاخىرىغىچە بۇ شەكىلدە داۋاملىششىمىزنى سۇرايمىز. ئامىن!

2006/ 09 / 21

ت. شەھىدى